السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئاللاھ داۋالىغۇچىدۇر، سەن كۆيۈنىدىغان ئادەمسەن، بۇنىڭ داۋالىغۇچىسى بۇنى ياراتقان زاتتۇر

ئەبۇ رەمسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئۇچىلىرىدىكى بۇ نەرسىنى ماڭا كۆرسەتسىلە، مەن تىۋىپ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ داۋالىغۇچىدۇر سەن كۆيۈنىدىغان ئادەمسەن، بۇنىڭ داۋالىغۇچىسى بۇنى ياراتقان زاتتۇر» دېگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئەبۇ رەمسە دوختۇر بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى تاغىقىنىڭ ئارىسىدا ئۆرلەپ تۇرغان پەيغەمبەرلىك مۆھرىنى كۆرۈپ ئۇنى ئارتۇق خىلىتلاردىن پەيدا بولغان ئۆسمە دەپ ئويلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنى ئۆزىنىڭ داۋالىشىنى تەلەپ قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزىگە: «ئاللاھ داۋالىغۇچىدۇر»، يەنى: «ئاللاھ كېسەلگە ھەقىقى شىپالىق ئاتا قىلغۇچى ۋە داۋالىغۇچىدۇر، سەن بولساڭ بىمارلارغا كۆيۈنىدىغان ئادەم»، يەنى: «مېھرىبانلىق قىلىدىغان ۋە كۆيۈنىدىغان ئادەم» دېدى، چۈنكى داۋالىغۇچى كېسەل بىلەن دورىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلگۈچى، ساقلىق ۋە شىپالىق ئاتا قىلىشقا قادىر بولغۇچىدۇر، ئۇ بولسىمۇ پەقەت ئاللاھتۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8303

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee